# تىلىڭنى يىغ، ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىل، خاتالىقلىرىڭغا يىغلىغىن

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نىجاتلىقنىڭ يولى قايسى؟» دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تىلىڭنى يىغ، ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىل، خاتالىقىڭغا يىغلىغىن» دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىستە ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاخىرەتتە ئۆزىنى قۇتۇلدۇرىدىغان نەرسىلەر توغرۇلۇق سورىدى، بۇ، ئاخىرەت ئىشلىرىغا ھېرىسمەن ھەر بىر مۇسۇلىنىڭ غايىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تىلىڭنى يىغ» دەپ تىلىنى باشقۇرۇشنى تەۋسىيە قىلدى، چۈنكى تىلنىڭ خەتىرى زور ۋە زىيىنى كۆپ بولىدۇ، مۇسۇلمان تىلىنى باشقۇرىشى، ئاخىرەتلىكىگە پايدىسى بولمىسا سۈكۈتنى تاللىشى كېرەك. «ئائىلەڭنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىل» يەنى: ئىنسان زۆرۈر ئىشى بولمىسا سىرتلارغا كۆپ چىقماسلىقى، ئۆيدە ئولتۇرۇشتىن زېرىكمەسلىكى، بەلكى ئۆيدە تۈرۈشنى يامانلىق ۋە پىتنىدىن ساقلىنىشنىڭ پۇرسىتى قىلىشى كېرەك. «خاتالىقىڭغا يىغلىغىن» يەنى: خاتالىقىڭغا پۇشايمان قىلىپ راس يىغلا، بولمىسا زورلاپ بولسىمۇ يىغلا، سەندىن سادىر بولغان گۇناھ ئۈچۈن ئاللاھقا تۆۋە قىل، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee